دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# يېۋگېنى گراندې

بالزاك ( فرانسىيە )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بالزاك ( فرانسىيە )

# يېۋگېنىي گراندې

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

欧也妮·葛朗台:维吾尔文/(法)巴尔扎克(Balzac,H.)著;热合曼·马木提译. — 乌鲁木齐:新疆人民出版社, 2009.8

ISBN 978-7-228-12723-8

Ⅰ.欧… Ⅱ.①巴… ②热… Ⅲ.长篇小说 — 法国 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I565.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第143879号

责任编辑 艾合买提·伊明
责任校对 阿依古丽·克力木
特约校对 阿布列孜·阿巴斯
封面设计 买买提·诺比提
出版发行 新疆人民出版社
电　　话 0991-2827472
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
印　　刷 新疆金版印务有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 32开本
印　　张 9.875
版　　次 2009年8月第2版
印　　次 2009年8月第1次印刷
印　　数 1-3000
定　　价 25.00 元

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1954 ـ يىلى 11 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ نەشرى، 1978 ـ يىلى 4 ـ ئاي بېيجىڭ 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社1954年11月北京第1版、1978年4月北京第2次印刷本翻译出版。

# يېۋگېنىي گراندې

**ئاپتورى:** بالزاك (فرانسىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** راخمان مامۇت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئارزۇگۇل كېرەم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ئابلىز ئاباس
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 9.875
**نەشرى:** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1-3000
**كىتاب** نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 12723 - 8
**باھاسى:** 25.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئوتتۇرا مۇلۇكدارنىڭ قىياپىتى ........................................1

پارىژلىق تۇغقان ........................................53

خىلۋەتتىكى مۇھەببەت ........................................84

خەسىسنىڭ مەردلىكى، ئاشىقنىڭ قەسمى ........................................143

ئائىلىنىڭ دەردى ........................................215

مۇشۇمۇ تۇرمۇش ........................................270

خاتىمە ........................................304




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# ئوتتۇرا مۇلۇكدارنىڭ قىياپىتى

بەزى ئىچكى شەھەرلەردە شۇنداق بىر خىل ئۆيلەر باركى، ئۇلار سىرتىدىن قارىغاندا موناستىرغا ئوخشاش سۆرۈن، قاقاس دالىغا ئوخشاش كۆڭۈلسىز، خارابىلىكتەك ۋەيرانە كۆرۈنۈپ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. موناستىرنىڭ سۆرۈنلۈكى، قاقاس دالىنىڭ كۆڭۈلسىزلىكى، خارابىلىكنىڭ ئېچىنىشلىقى بەلكىم بۇ ئۆيلەردىن ئاز - تولا تېپىلىدىغاندۇ. بۇ ئۆيلەردىكى ھايات شۇنچىلىك تىنچ ئىدىكى، كوچىدىكى ئاياغ تىۋشىنى ئاڭلاپ قالغان بىرەر موناخ چىراي ئادەم، دېرىزىدىن بېشىنى ئۇشتۇمتۇت چىقىرىپ، ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيدىغان كۆزلىرى بىلەن يوچۇن كەلگۈندىگە سوغۇق نەزىرى بىلەن قارىمايدىغان بولسا، سىرتتىن كەلگەن ئادەم بۇ ئۆيلەرنى ئادەمسىز بوش ئۆيلەر بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن.

سومىيۇرا شەھىرىدىكى بىر ئىمارەتنىڭ قىياپىتى كىشىگە بايىقى كۆڭۈلسىز تەسىراتلارنى بېرەتتى. ئوڭغۇل - دوڭغۇل كوچا شەھەرنىڭ ئېگىز تەرىپىدىكى قەدىمي قەلئەگە تۇتىشاتتى، بۇ ئىمارەت بولسا ئەنە شۇ كوچىنىڭ ئەڭ چېتىدىن ئورۇن ئالغان. ھازىر ئادەم كۆپ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان بۇ كوچا يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق ئىدى. بەزى جايلىرى قاراڭغۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ كوچىنىڭ ئۆزىگە يارىشا بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، تاش ياتقۇزۇلغان يول ئادەم ماڭغاندا ئاۋاز چىقىراتتى، پاكىز ھەم قۇرغاق، تار ھەم ئەگرى - بۈگرى ئىدى؛ ئىككى چېتىدىكى ئۆيلەردە تىمتاسچىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، شەھەرنىڭ

ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان بۇ كوچا كونا شەھەرگە تەۋە ئىدى.

سىلىنىڭ ئىنىغا ئۈچ يۈز يىلدىن ئاشقان بۇ ئۆيلەر ياغاچتىن ياسالغان بولسىمۇ، يەنىلا ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. سىلىنىش شەكلىدىكى خىلمۇخىللىق ئۆزگىچە كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئاسارئەتىقىشۇناسلار بىلەن سەنئەتكارلارنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلماي قالمايتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسىڭىز، دۇب دەرىخىدىن ياسالغان يوغان تۈۋرۈكلەرگە قاراپ تىلىڭىزنى چاكىلداتماي قالمايسىز. بۇنداق تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىككى بېشىغا ئاجايىپ ئىجىر - مىجىر شەكىللەر ئويۇلغان، كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئاستىنقى قەۋەتلىرى مۇشۇنداق نەقىشلەنگەن قارا تۈۋرۈكلەر بىلەن بېزىتىلگەنىدى.

بەزى جايلاردا، ئۆينىڭ تۈغرا لىم ياغاچلىرىنىڭ ئۈستىگە ياپىلاق تاشلار قويۇلغان بولۇپ، بىنانىڭ كونىراپ كەتكەن تاملىرىدا كۆكۈچ يوللارنى ھاسىل قىلىپ تۇراتتى. بىنانىڭ ئېگىز ياغاچ ئۆگزىسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن؛ يامغۇر - يېشىنلەردە چەڭزىلىرى چىرىگەن ۋە قايغان، ئۈستىدىكى نەپىس ئويۇلغان گۈللىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئەبجەق دېرىزىلەرنىڭ كېشەكلىرى ئالدىغا پۈلتىيىپ چىقىپ قالغان بولۇپ، كەمبەغەل ئايال خىزمەتكارلارنىڭ قويۇپ قويغان بىرەر تەشتەك چىننىگۈللىرى ياكى ئەتىرگۈللىرىنى كۆتۈرەلمەيدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى. يەنە ئىلگىرىلەپ ماڭسىڭىز، يوغان قالپاقلىق مىخلار قېقىلغان دەرۋازىلارنى كۆرىسىز، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز چۈشىنىكسىز خىياللارغا بېرىلىپ، بۇ دەرۋازىلارغا غەلىتىلا خەتلەرنى يېزىپ كەتكەن. ئۇ خەتلەر نېمە مەنىگە ئىگە، بۇنى چۈشىنىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس، بەلكىم بىرەر يېڭى مۇخلىس ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى بىلدۈرگەندۇر، ياكى بولمىسا يېڭى دىنغا قارشى چىققان بىرەرىنىڭ گېنرىخ Ⅳ نى قارغىغان گەپلىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەرگە يەنە ئادەتتىكى نامراتلارنىڭ چىرايلىق ناملىرىمۇ

ئويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كونا تۈرلىرىدىن ئىكەنلىكىنى، ئۆز ۋاقتىدا بۇ جاينى سورىغانلىقلىرىنى بىلدۈرمەكچى بولغانمۇ بولسا كېرەك. قىسقىسى، بۇلاردا پۈتكۈل فرانسىيە تارىخىنىڭ ئىزناسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىمارەتنىڭ بىر تەرىپىدە، چالا - بۇلا ئاقارتىلغان، تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قالغان بىر ئۆي بولۇپ، بۇمۇ ئۇستىكارلارنىڭ كىشىلەرگە كۆز - كۆز قىلىدىغان ھۈنەرلىرىنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىقىنىدىكىسى يېزا مۆتىۋەرلىرىدىن بىرەرىنىڭ جايى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ياي شەكلىدىكى دەرۋازىسىنىڭ ماڭلىيىغا ئويۇلغان، جاي ئىگىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىك نامى 1789 - يىلىدىن بېرىقى ئىنقىلابلارنىڭ ۋەيرانچىلىقلىرىدىن ئامان قېلىپ، تا ھازىرغىچە ئۆچۈپ كەتمىگەنىدى.

بۇ كوچىدىكى تىجارەت ئورۇنلىرىنى ياكى كىچىك يايما ياكى ماگىزىن دېگىلى بولمايتتى. ئوتتۇرا ئەسىر يادىكارلىقلىرىغا قىزىقىدىغانلار بۇ يەردە ئالدىنقى دەۋردىكى كاسىپخانىلارغا ئوخشايدىغان ساددا كۆرۈنۈشلەرنى چېلىقتۇرالايتتى. كەڭ، پاكار كەلگەن بۇ دۇكانلارنىڭ پەشتاختىلىرىمۇ، مال ئەۋرىشكىلىرىنى تىزىدىغان بۆلۈمچىلىرىمۇ، رەڭدار ئەينەكلىرىمۇ يوق. ئىچى قاپقاراڭغۇ، ئىچى - تېشى ھەرقانداق بېزەكلەردىن خالىي ئىدى. بۇ جاينىڭ تاختايلىق ئىشىككە قاڭالتىر قاپلانغان بولۇپ، ئىشىك ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى: ئۈستۈنكى قىسمى ئىچىگە ئېچىلاتتى. ئىشىكنىڭ قوڭغۇراق بېكىتىلگەن ئاستىنقى قىسمى ھەمىشە ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ قېشىدىكى ئادەم بىلىگە كېلىدىغان تامنىڭ ئۈستىگە مۇستەھكەم دېرىزە قاپقاقلىرى قاتار قويۇلغان. بۇ قاپقاقلار كۈندۈزى ئېلىۋېتىلەتتى، كېچىسى جايىغا قويۇلۇپ، ئۈستىگە تاقاق سېلىپ قۇلۇپلىناتتى. بۇ گەمىگە ئوخشاش زەي ئۆيگە ئىشىكنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدىن ياكى دېرىزە بىلەن تورۇس ئارىلىقىدىكى

قىسىلچاقتىن ئازراق ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى ۋە ئاپتاپ چۈشەتتى. ھېلىقى تامنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا مال تىزىلاتتى.

بۇنداق دۇكانلاردىكى سودىدا قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان ئىشلار بولمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەرقايسى دۇكانلارنىڭ تىجارەت تۈرىگە قاراپ، سېتىلىدىغان نەرسىلەر ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ: تۇز ۋە بېلىق بىلەن تولدۇرۇلغان ئىككى ياكى ئۈچ ياغاچ تۇڭ، بىرنەچچە توپ كاناپ رەخت، توم ئارغامچىلار، تورۇسنىڭ چەنزىسىگە ئېسىپ قويىدىغان مىس قاچىلار، تامغا يۆلەپ قويۇلغان تۆمۈر چەمبەرلەر ۋە تەكچىلەرگە تاشلاپ قويۇلغان بىرنەچچە پارچە يۇڭ رەخت.

ئىشىكتىن كىرسىڭىز، بېشىغا پاكىز ئاق ياغلىق چىگىۋالغان، بىلەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن چىرايلىق قىز قولىدىكى توقۇۋاتقان تورنى قويۇپلا دادىسىنى ياكى ئانىسىنى چاقىرىدۇ. سىز بەلكىم ئۇ يەرگە كىرىپ ئىككى يارماقلىق يا بولمىسا ئىككى مىڭ فرانكلىق سودا قىلىشىڭىز مۇمكىن، ئۇ چاغدا سىز سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرامسىز، قىزغىن مۇئامىلىگىمۇ، ئۇ پەقەت دۇكان خوجايىنىنىڭ مىجەزىگە باغلىق.

سىز يەنە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا قوشنىسى بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ بارماقلىرىنى پۇكۇپ ـ ئېچىپ ئولتۇرغان بىر كىشىنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن، ئۇ ھاراق تۇڭى ياسايدىغان تاختاي سودىگىرى. قارىسىڭىز ئۇنىڭ دۇكىنىدا ھاراق تىزىلغان جازا ياكى ئىككى ـ ئۈچ باغلام تاختاينى كۆرىسىز. لېكىن، ئانژۇ رايونىدىكى ھاراق تۇڭى ياسايدىغان بارلىق ئۇستىلار ئۇنىڭ پورتتىكى مال ساقلايدىغان ئامبىرىدىن ماتېرىيال سېتىۋالىدۇ. ئۇ ئۇزۇم ياخشى ھوسۇل بەرگەندە ئۆزىنىڭ قانچىلىك تاختاي ساتالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ساتىدىغىنىمۇ ئۇنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن كۆپ بولسا بىر ـ ئىككى تال پەرقلىنىدۇ. ئۇ، ھاۋا بىر كۈن ئوچۇق بولسا شۇ بىر كۈن ئىچىدە بېيىيدۇ، بىر كۈن يامغۇر ياغسا شۇ بىر كۈن ئىچىدە خېلى كۆپ زىيان

تارتىدۇ، چۈنكى هاراق تۈگىنىڭ بازار نەرخى يېرىم كۈننىڭ ئىچىدە ئون ئىككى فرانكتىن بىراقلا ئالتە فرانكقا چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ يەرنىڭ بازىرىمۇ خۇددى تۈرپىنىڭ بازىرىغا ئوخشاش هاۋاغا قاراپ بولىدۇ. ئۈزۈم تەكلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى بارلار، تاختاي سودىگەرلىرى، تۆك ئۈستىلىرى، سارايۋەنلەر، كېمىچىلەرنىڭ كۆزى كۈندە؛ ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرغاندا، كېچىچە مۇز توڭلاپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاشتىن شۈنچىلىك قورقۇشىدۇ؛ ئۇلار بوراندىن، يامغۇردىن، قۇرغاقچىلىقتىن قورقىدۇ. ئۇلار بىردەم يامغۇر يېغىشنى خالىسا، بىردەم هاۋانىڭ ئىسسىشىنى، يەنە بىردەم كۈننىڭ تۇتۇلۇشىنى خالايدۇ. هالبۇكى، تەڭرى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. بارومېتىر كىشىلەرنى نۆۋەت بىلەن غەم - غۇسسىگە سالىدۇ، كۈلدۈرىدۇ، خۇشال قىلىدۇ.

سومىيۇرانىڭ ئىلگىرىكى بۇ چوڭ كوچىسىنىڭ ئۇ بېشىدىن تارتىپ بۇ بېشىغىچە ئاڭلىنىدىغان «ئالتۇندەك بەلەن كۈن بولدى» دېگەن بۇ سۆز هەربىر ئائىلىنىڭ كىرىمىدىن بېشارەت بېرىدۇ. كىشىلەر بۇنداق سۆزلەرگە «شۇ ئەمەسمۇ، ئاسماندىن ئالتۇن ياغىدىغان بولدى» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاپتاپ چىققان كۈنلەرنىڭ، دەل ۋاقتىدا ياغقان يامغۇرنىڭ ئۆزلىرىگە قانچىلىك پايدا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىشىدۇ. ئۇلار كۈنلەر ياخشى كەلگەن پەسىلدىكى شەنبە چۈشتىن كېيىن بىر يارماقىمۇ سودا قىلىشمايدۇ. چۈنكى بۇ تىجارەتچىلەرنىڭمۇ ئۈزۈملۈك بېغى، بىرەر پارچە يېرى بار بولۇپ، شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ئۇلار هەممىسى يېزىغا بېرىپ ئىككى كۈن ئۆز يەرلىرىگە ئىشلىشىدۇ. ئۇلار سېتىۋالىدىغان، ساتىدىغان ۋە هايان ئالىدىغان نەرسىلىرىنى ئالدىن ئوبدان هېسابلىشىۋالىدۇ. ئۇلار يەنە ۋاقتىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك

كۈلكە - چاقچاقلار، ئۇ - بۇ پاراڭلار ۋە باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى تىڭ - تىڭلاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بىرەر ئايال كەكلىك سېتىۋالغان بولسا، قوشنىلىرى ئۇنىڭدىن ئېرىنىڭ كەكلىكنى ياخشى پىشۇرالايدىغان - پىشۇرالمايدىغانلىقىنى سورىشىدۇ. قىزلاردىن بىرەرى دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قالسا، ئۇنىڭغا بىكار تەلەپلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەي قالمايدۇ. قىسقىسى، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ سىرتتىن كۆزىتىش مۇمكىن بولمىغان، قاراڭغۇ ھەم دائىم جىمجىتلىق ئىلكىدە تۇرىدىغان ئۆيلىرىدىكى مەخپىيەتلىك كوچىغا چىقماي قالمايدۇ.

كۆپ ئەر - ئاياللار چۈشلۈك، كەچلىك تاماقلىرىنى دەرۋازىلىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشۇپ يېيىشىدۇ، جېدەل - ماجىرالىرى بولسىمۇ شۇ يەردە قىلىشىدۇ. كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنىڭ باھالىرىسىز ئۆتمەيدۇ. شۇڭا ئىلگىرىدىن تارتىپ، چەت يۇرتلاردىن ئىچكىرى جايلارغا كەلگەن ئادەملەر نەگىلا بارسا شۇ يەرلىكلەرنىڭ مازاقلىرىغا ئۇچرىماي قالغان ئەمەس، نۇرغۇن قىزىق - قىزىق لەتىپىلەر شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئانژۇرلۇقلارنىڭ باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش ھېسابىغا ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئاچىدىغان ئاتىقى ئەنە شۇنداق چىققان، چۈنكى ئۇلار كۈلكىلىك ۋەقەلەرنى توقۇپ چىقىشقا ئۇستا ئىدى.

بۇرۇن يېزا مۇتىۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ كوچىدا ئولتۇراتتى. كوچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە قەدىمىي شەھەرنىڭ كونا ئىمارەتلىرى، ساددا دىل كىشىلەر ياشىغان دەۋرنىڭ يادنامىلىرى — قەدىمىي زاماننىڭ بۇ خىل خىسلەتلىرى ھازىر كۈندىن - كۈنگە يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ — بار ئىدى. بىزنىڭ بۇ ھېكايىمىزدە سۆزلىنىدىغان سۆرۈن ئىمارەت شۇلارنىڭ بىرى.

بۇ قەدىمىي كوچىدا توساتتىن يۈز بەرگەن ھەرقانداق كىچىك ئىش سىزنى ئويغا سالماي قالمايدۇ ۋە كوچىنىڭ ئومۇمىي



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

كۆرۈنۈشلىرىگە نەزەر سالغىنىڭىزدا، تەسەۋۋۇر ئېقىنىدا ئۈزمەي قالمايسىز. ئەگرى - بۈگرى يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ بىر يەرگە كەلگىنىڭىزدە، ئويمان بىر يەرنى كۆرىسىز، گراندېنىڭ سارىيى مانا مۇشۇ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

ئىچكىرىدىكى جايلاردا ئۇنداق - مۇنداق ئادەملەرنىڭ تۇرار جايىنى ساراي دەپ ئاتاشمايدۇ. گراندې ئەپەندىنىڭ سالاھىيىتى ئۇنىڭ تۇرار جايىنى ساراي دەپ ئاتاشقا توشامدۇ، يوق، بۇنى بىلىپ بولمايدۇ.

گراندې ئەپەندىنىڭ سومىيۇرادىكى ئىناۋىتىنىڭ كېلىش مەنبەسى بار، بۇنى ئىچكىرىدىكى جايلاردا تۇرمىغان كىشىلەرنىڭ چۈشىنىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. گراندې ئەپەندىنى بەزى كىشىلەر گراندې بوۋاي دەيمۇ ئاتىشىدۇ، لېكىن ئۇنى بۇنداق دەپ ئاتايدىغان قېرىلار بارغانسېرى تۈگەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، 1789 - يىلى قول ئىلكىدە بار باي ئادەم ئىدى، ساۋاتى بار، خەت يازالايتتى ھەم ھېساب ئىشلىرىغىمۇ پۇختا ئىدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر ھۆكۈمىتى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ سومىيۇرادىكى ۋەخپىلىرىنى ساتقان چاغلاردا ئۇ دەل قىرىق ياشلاردا بولۇپ، پۇلى بار تاختاي سودىگىرىنىڭ قىزىغا يېڭى ئۆيلەنگەنىدى. ئۇ ئۆزىدىكى نەق پۇل بىلەن ئايالىنىڭ تويلۇق مېلىنى قوشۇپ ئىككى مىڭ تىللا تەييارلاپ رايونلۇق مەھكىمىگە باردى. باھا قويۇپ سېتىش ئىشىغا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ قاتتىق قول، نەپسى يامان بىر ئادىمى نازارەتچىلىك قىلاتتى. گراندې قېيناتىسى بەرگەن تۆت يۈز تىللانى ئۇنىڭ گېلىغا ئۇرۇپ، رايون بويىچە ئەڭ ياخشى ئۈزۈملۈك باغ بىلەن كونا بىر موناستىرنى، ئۇنىڭغا قوشۇپ بىرنەچچە پارچە تېرىلغۇ يەرنى توغرا يول بىلەن ئەمەس، ھەر ھالدا قانۇنغا سىغىدىغان قىلىپ ئازغىنە پۇلغا سېتىۋالدى.

سومىيۇرانىڭ ئاھالىسى ئىنقىلابقا ئانچە قىزىقىشمايدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گراندې بوۋاي قىزىققان، ھۆرراچى، يېڭى

ئېقىمىغا قىزىقىدىغان شەخس ھەم جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئادىمى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ تۇلۇق ئۇستىسى ئۇزۇملۇك بېغىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئادەم ئىدى. يۇقىرىدىكىلەر ئۇنى سومىيۇرا رايونىنىڭ مەمۇرىي ھەيئىتى قىلىپ بەلگىلىگەندە، ئۇ يەرلىكنىڭ سىياسىي ۋە سودا ئىشلىرىغا مۇتلەق تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇ سىياسىي جەھەتتە، ئىلگىرىكى ئاقسۆڭەكلەرنى قانات ئاستىغا ئالدى؛ سەرسان بولۇپ كەتكەن يېزا تۆرىلىرىنىڭ مال ـ بىساتىنى ھۆكۈمەتنىڭ باھا قويۇپ سېتىشىدىن ئامال بار ساقلاپ قالدى؛ سودا ئىشلىرىدا ئىنقىلابىي ئارمىيىگە، بىر ـ ئىككى مىڭ تۇڭلاپ ئاق ھاراق ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە مەلۇم بىر موناستىرنىڭ باھا قويۇپ ئەڭ ئاخىرىدا سېتىشقا قالدۇرغان ياخشى بىر يايلىقىنى ئېلىۋالدى.

ناپولېئوننىڭ دەۋرىدە گراندې رايون باشلىقى بولۇپ، شۇ جاينىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ناھايىتى ياخشى باشقۇردى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئۇزۇمدىن ئالىدىغان پايدىسىمۇ كۆپ ئىدى؛ ناپولېئون ئىمپېراتور بولغان يىللارغا كەلگەندە، گراندې ھەممىدىن قۇرۇق قالدى. ناپولېئون جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇ، گراندېنىڭ ئورنىغا كېيىن بارونلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن باشقا بىر چوڭ زېمىندارنى قويدى، بۇنداق بولۇشى گراندېغا قىزىل قالپاق دەپ گۇمان چۈشكەنلىكىدىن ئىدى. ئۇ رايون باشلىقلىق مەنسەپتىن قۇرۇق قالغانلىقىغا قىلچە ئېچىنمىدى. مەنسەپتىكى چېغىدا، بۇ شەھەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بىرنەچچە تاشيول ياساپ، ئۆزىنىڭ ئىگىلىكى بار جايلارغا تۇتاشتۇرۇلغانىدى.

ئۇنىڭ ئۆي ـ جاي، يەر ـ مۈلۈكلىرىنى تىزىملىغاندا، ئۇ ئازراقلا باج تاپشۇرۇپ، ئاردىن خېلى كۆپ پايدا ئالدى. تىزىملاش تۈگىگەندىن كېيىن، ئىگىلىكى بىلەن توختىماي ھەپىلىشىپ، ئۈزۈملۈك باغلىرىنى شەھەر بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى باغلارغا

ئايلاندۇرۇۋالدى. ئالدىنقى قاتاردىكى دېگىنىمىزدە، بۇ باغلاردىكى ئۆزۈملەردىن ئالىي سورتلۇق ئېسىل هاراقلارنىڭ چىقىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. قىسقىسى، ئۇ مۇشۇ هەرىكەتلىرى بىلەن شەرەپلىك مېدالغا لايىق ئىدى.

ئۇ خىزمىتىدىن 1806 ـ يىلى قېلىپ قالدى. ئۇ چاغدا گراندې ئەللىك يەتتە ياشتا، ئايالى ئوتتۇز ئالتە ياشتا، يالغۇز قىزى بولسا ئون ياشتا ئىدى.

ئېھتىمال، مەنسەپتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تەڭرى ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولغان بولسا كېرەك، شۇ يىلى ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ چوڭ مىراسقا يەنى ئالدى بىلەن قېينانىسى دې. لا. گادنېر خېنىمدىن، ئارقىدىن ئايالىنىڭ بوۋىسى دې. لا. بېرتېلېر ئەپەندىدىن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مومىسى ژانتې خېنىمدىن قالغان تەئەللۇقاتلارغا ئىگە بولدى، ئۇلاردىن قالغان تەئەللۇقاتلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ سانىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ قېرىلار پۇلنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ، ئۆمۈر بويى دۇنيا توپلاشقان. دې. لا. بېرتېلېر ئەپەندى سىرتقا قەرز بېرىشنى پۇلنى بۇزۇپ ـ چاچقانلىق، جازانىگە قارىغاندا ئالتۇنغا قاراپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەۋزەل دەپ قارايتتى. شۇڭا سومىيۇرالىقلار، ئۇلاردا قانچىلىك دۇنيا بارلىقىنى پەقەت كۆرگىلى بولىدىغان كىرىملىرى ئارقىلىقلا پەرەز قىلىشاتتى.

شۇنىڭ بىلەن، گراندې ئەپەندى يېڭى ئاقسۆڭەك دېگەن نامغا ئىگە بولدى، بۇ باراۋەرلىك دەپ ۋارقىرىغىنىمىز بىلەنمۇ يوقالمايدىغان نام ئىدى. ئۇ پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە «ئەڭ كۆپ باج تۆلەيدىغان» ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈزۈملۈك بېغى يۈز ئارپانغا[1] يەتتى. ئۈزۈم ياخشى ھوسۇل بەرگەن يىللىرى يەتتە ـ سەككىز يۈز تۇڭ هاراق چىقىرالايتتى. ئۇنىڭ يەنە ئون ئۈچ

---

[1] بىر ئارپان تەخمىنەن 30 ــ 51 مو كېلىدۇ.

يەردە تېرىلغۇ يېرى، بىر كونا موناستىرى بار ئىدى، موناستىرنىڭ ئىشىكلىرىنى، ئەينەكلىك دېرىزىلىرىنى سىرتىدىن ئېتىۋەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا باج تۆلىمەيتتى ۋە بۇ نەرسىلەرنى ئاسراپ قالاتتى. سىرتتا يەنە بىر يۈز يىگىرمە يەتتە ئارپانلىق يايلىقى بار ئىدى، يايلاقتا ئۈچ مىڭ تۈپ ئاق تېرەك بار بولۇپ، بۇ تېرەكلەر 1793 ـ يىلى تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئولتۇراقلىق جايىمۇ ئۆزىنىڭ ئىدى.

بۇلار ئۇنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان ئاشكارا بىساتى. نەق پۇللىرىغا كەلسەك، بۇنىڭ سانىنى پەقەت ئىككىلا ئادەم تەخمىنەن بىلەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ قەرزگە بېرىدىغان پۇللىرىنى سىرتقا تارقىتىدىغان گۇۋاھچى كرىيۇشو، يەنە بىرى، سومىيۇرا بويىچە ئەڭ پۇلدار بانكىر دې. گراسسىن ئىدى. گراندې ۋاقتى كەلگەندە، گراسسىن بىلەن ئاستىرتىن ھەمكارلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئانچە ـ مۇنچە نەپ ئېلىپ تۇرۇش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئىچكىرىدىكى جايلاردا خەقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ھەم ئىگىلىكىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش مەخپىي قىلىناتتى. ھېچقانداق ئادەم گراندېنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشتا كرىيۇشو بىلەن دې. گراسسىنغا يېتەلمىسىمۇ، لېكىن باشقىلار ئۇلارنىڭ گراندېغا قىلغان خۇشامەتلىرىدىن ئىلگىرىكى رايون باشلىقىنىڭ يېنىنىڭ قانچىلىك توملۇقىنى بىلىۋالالايتتى.

سومىيۇرادىكى ھەممىلا ئادەم گراندېنىڭ ئۆيىدە شەخسىي خەزىنە ـ تىللالار دۆۋىلىنىپ كەتكەن مەخپىي ئورا بار، دەپ ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى يېرىم كېچىدە قوپۇپ سان ـ ساناقسىز ئالتۇنلارغا قاراپ ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى سۆز بىلەن تەرىپلەش قىيىن، دېيىشەتتى. ئادەتتىكى بېخىللار بولسا، ياپىر، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ سېرىقلىقىنى قاراڭلار، ئالتۇنغا قاراۋېرىپ سارغىيىپ كەتكەن كۆزلەر ـ دە ئۇ،

دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ دېگەنلىرىنى قىل سىغماس ھەقىقەت چاغلىشىپ كېتەتتى. سەرمايىنىڭ كۆچى بىلەن چوڭ پايدا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئادەمنىڭ كۆزىدە شەھۋەتپەرەسلەر، قىمارۋازلار ياكى بىكار تەلەپ نوچىلارنىڭ كۆزلىرىدىكىدەك بىر خىل ھالەت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خەقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرىدىغان، تويماس ۋە سىرلىق قىياپىتى ئۆزى بىلەن بىر مىجەزدىكى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىرنەرسىگە مەستانە بولۇپ كەتكەن ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق ئۆزگىچىلىك قارشى تەرەپنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىش ئۇچۇن يېتەرلىك ئىدى.

گراندې ئەپەندى باشقىلاردىن زادىلا بىرنەرسە قەرز ئالمايتتى؛ ئۇ تۇلۇك ئۇستىسى ھەم ئۇزۇم ئۆستۈرۈشنىڭ چېۋەر ماھىرى، ئۆزىنىڭ كىرىمى ئۇچۇن قاچان مىڭ تۇلۇك، قاچان بەش يۈز تۇلۇك ھاراقتا ھاجىتى چۈشىدۇ، بۇنداق ھېسابقا ئۇ مۇنەججىم ئىدى. ئۇ ھايانكەشلىكتە بىر قېتىممۇ سۇنۇپ باققان ئەمەس؛ تۇلۇكنىڭ باھاسى ھاراقنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەندە، ئۇ ساپلا تۇلۇك ساتىدۇ ـ دە، ھارىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. بىر تۇلۇك ھاراقنىڭ باھاسى ئىككى يۈز فرانكقا چىققاندا ئاندىن بازارغا چىقىرىدۇ. ئادەتتىكى كىچىك يەر ئىگىلىرى بىر تۇلۇك ھاراق يۈز فرانك چاغدىلا سېتىۋېتىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، گراندېغا ئوخشاش بۇنداق ئادەم، ئەلۋەتتە، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق ـ دە. 1811 ـ يىلى ئۇ كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىپ، ھارىقىنى بىر تېمىم ـ بىر تېمىمدىن دېگۈدەك چىقىرىپ ئىككى يۈز قىرىق تۆت مىڭ فرانك تاپقانىدى. گراندې ئەپەندى ئۆز ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشتا خۇددى يولۋاس بىلەن تىمساھنىڭ ئۆزى، ئۇ گويا شۇ ئىككى مەخلۇققا ئوخشاش ئورنىدىن قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ ئۆز ئولجىسىنى بىرھازا كۈتىدۇ ـ دە، ئاندىن ئۆزىنى ئاتىدۇ، پۇل خالتىسىنىڭ تويماس ئاغزىنى ئېچىپ، دۆۋە ـ دۆۋە ئالتۇنلارنى يۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن

خۇددى قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ بەخىرامان سوزۇلۇپ ياتقان يىلانغا ئوخشاش كۆزىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئەمما ئىشلىرى ئۆز تەرتىپى بويىچە يۈرۈشۈۋېرىدۇ.

ئۇ كوچىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا ھەۋەسلەنمەيدىغان، ھۆرمەت بىلدۈرمەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھېيىقمايدىغان ئادەم بولمايدۇ. سومىيۇرادا، ئۇ تۆمۈردەك ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن پاتۇرۇپ كۆرمىگەن كىم بار؟ بىرەرى تېرىلغۇ يەر سېتىۋالماقچى بولسا بىرگە بىر ئۆسۈم بىلەن كرىيۇشودىن قەرزگە پۇل ئالىدۇ، يەنە بىرى قەرەللىك چەكنى ئېلىپ گراسىنغا نەق پۇلغا تېگىشىدۇ، گراسىن ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە ئۆسۈم تۇتۇۋالىدۇ. بازاردا ياكى كەچلىرى بولىدىغان قۇرۇق پاراڭلاردا، گراندې ئەپەندىمنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمايدىغان كۈنلەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ. بەزى ئادەملەر بۇ ئۈزۈمچى بوۋاينىڭ يايلىقىنى شۇ يەرنىڭ يالتىراپ تۇرغان گۆھىرى، قانچە ماختىساق شۇنچە ئەرزىيدۇ، دەپ بىلىشىدۇ. خېلى كۆپ تىجارەتچىلەر، سارايۋەنلەر سىرتتىن كەلگەن مېھمانلارغا ماختىنىپ:

— ئەپەندىم، بىزنىڭ بۇ يەردە پۇلى مىليون فرانكتىن ئاشىدىغانلار ئۇچلا ئائىلە. گراندې ئەپەندىنى دېسىڭىز، ئۇ زادى قانچىلىك تەئەللۇقاتى بارلىقىنى ئۆزىمۇ تولۇق بىلمەيدۇ، — دېيىشىدۇ.

1816 ـ يىلى سومىيۇرا بويىچە ھېساب ـ كىتابقا ئۇستا بىرەيلەن گراندېنىڭ بارلىق دۇنياسىنى تەخمىنەن تۆت مىليون فرانك كېلىدۇ، دەپ مۆلچەرلىگەنىدى؛ لېكىن ئۇنىڭ 1793 ـ يىلدىن 1817 ـ يىلغىچە يىلدا كىرىدىغان كىرىمى يۈز مىڭ فرانك ئىدى، بۇنىڭدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدۇكى، ئۇنىڭ بار نەق پۇلى كۆچمەس مۈلۈكىنىڭ قىممىتى بىلەن باراۋەر دېگۈدەك. شۇڭا، كىشىلەر قارتا ئويناپ بولۇپ ياكى ئۈزۈمنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋېتىپ، گراندېنىڭ گېپى چىقىپ قالسىلا



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com